3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

«ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جازا قوللىنىشى» ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارا چاپلىغانلىق، بوھتان چاپلىغانلىق

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جېڭ جو خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جازا قوللىنىشى»غا قارىتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 30 ـ مەيدان شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ياۋروپا ئىتتىپاقى يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئالاقىدار شەخسلەر ۋە ئەمەلىي گەۋدىلەرگە يەككە تەرەپلىمە جازا قوللاندى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ھەرىكىتى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى ئېلىجان ئانايەت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا چېقىلدى، بۇ پۈتۈنلەي سېپى ئۆزىدىن سىياسىي پىلان، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارا چاپلىغانلىق، بوھتان چاپلىغانلىق بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل قىلمىشى ۋە رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بۇنداق قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە مۇقەررەر خەلقئارا جەمئىيەتتىكى كەڭ ئەزالارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

شۈ گۈيشياڭ مۇنداق دېدى: بىز ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت قىلىشقا كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ توختىماي ئارقىغا سۈردى، ھەتتا يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئوچۇقنى ئېيتقاندا، ھەقىقىي شىنجاڭغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ئاۋات مەنزىرىسىنىڭ ئۇلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلىشىدىن قورقتى. دۆلىتىمىز ياۋروپا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سېلىپ، يامان غەرەزدە قائىدە ۋە ساختا ئۇچۇر تارقاتقان تونۇلغان خادىملىرى ۋە تۆت ئەمەلىي گەۋدىسىنى جازالاشنى قارار قىلدى. شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىسى بىردەك تولىمۇ خۇشال بولغانلىقى، قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ياۋروپا تەرەپتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرگە قارشى ئادا‌ققىچە كۈرەش قىلىشقا قەسەم قىلدى. ھەققانىيەت ئەسلىدىنلا كىشىلەر ئارىسىدا، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۇيىقەستلەر مۇقەررەر بىتچىت بولىدۇ!

پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز☐

غالجىرلاشقان چۆپرەندىنىڭ رول ئېلىش ماھارىتى بىزنى ئازدۇرالمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى☐ تۇرسۇنجان جامال

يېقىندا، پومپېئو، جېڭ گۇئېن پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭغا تەپ تارتماستىن بوھتان چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن ئىنتايىن غەزەپلەندىم. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ھەرقانداق غەرەز چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

پومپېئو تارقاتقان شىنجاڭغا ئالاقىدار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا جۇڭگو شىنجاڭغا نىسبەتەن ئەڭ ئاساسىي چۈشەنچە ۋە تونۇش كەمچىل. مەن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى سىستېمىسىدا 30 نەچچە يىل خىزمەت قىلدىم، مەن دۇنياغا، پومپېئوغا، جېڭ گۇئېنغا شۇنداق دەيمەنكى، شىنجاڭدا ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تېخىمۇ كۆپ تەربىيەلەنگۈچى قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش يولىغا مېڭىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، تۇرمۇشى ئىللىقلىققا تولدى. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدا تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

پومپېئو، جېڭ گۇئېننىڭ تۈرلۈك سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان دۈشمەن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان باش جىنايەتچى، كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرىدىغان، جاھاننىڭ مالىمان بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان، كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئالۋاستىلار. ئۇلار شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋالغا پەرۋا قىلماي، يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە بىمەنە سەپسەتە توقۇشقا بېرىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق، دىننى دەستەك قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشقا ئۇرۇندى. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەرگىز بۇ غالجىرلاشقان چۆپرەندىلەرنىڭ رول ئېلىش ماھارىتىنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئېزىپ كەتمەيمىز. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ!

يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى☐ ئەركىن ئىسلام

ئىسمىم ئەركىن ئىسلام، شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مېنى تەربىيەلىشى، يېتىشتۈرۈشى بىلەن، قەدەممۇقەدەم رەھبەرلىك ئىش ئورنىغا چىقتىم. تۇرمۇشتا، مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم ئىتتىپاق ـ ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىمىز؛ خىزمەتتە، مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىمىز.

خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشىنىمەن. ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ زىيارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، يۇرتداشلار ماڭا بۇ بىرنەچچە يىلدا، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا قاراتقان تۈرلۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىنى، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ مۇقىم ئۆسكەنلىكىنى ئېيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تورىنى زىچ توقۇپ، پۈختىلاپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ياشانغان، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى كىشىلەرنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزدى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 2568 ياشانغان كىشىنى ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدا مەركەزلىك بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ھەر قېتىم ئامما ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلىرىمنى ئويلىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ رازىمەنلىك تەبەسسۇمىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن.

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋالنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ. مەن كەسكىن ھالدا پومپېئو، جېڭ گۇئېنغا شۇنداق ئېيتىمەنكى، گۈزەل شىنجاڭ تۇپرىقىدا كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلار گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار، دوستلار گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ، شىنجاڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» «مېۋە ـ چېۋە ماكانى»، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، بۇ تۇپراقتا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىۋاتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى☐ ئايبېك سابۇلھاجى

پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ھە دەپ بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي نەزەرگە ئالمىدى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن!

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى ۋە غەمخورلۇقىنى ھېس قىلىپ كەلدىم، ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش، خىزمەت جەريانىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

يېقىنقى يىللاردا، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىمىز ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى ئىزچىل باش ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، «ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئەلرايى قۇرۇلۇشى بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەپ، تىنچ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

«ئاياغنىڭ دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى كىيگەن ئادەم ئۆزى ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ.» جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار، شىنجاڭنىڭ ئىشىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب. خۇددى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ئېيتقاندەك: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى ئەجەبا پومپېئو ئېقىمدىكىلەر بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاش بىلەنلا ئۆزگەرتەلەمدىكەن؟ جۇڭگودىكى 56 مىللەت، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە غەيرەت ـ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلىمەكتە، ئەجەبا بۇنى پومپېئو ئېقىمدىكىلەر ياچۇەك بىلەكلىرى بىلەن توسۇپ قالالامدىكەن؟» بىز قەتئىي ئىرادىمىز ۋە كەسكىن ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىم، ئىناق ئىنتايىن ياخشى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك، بىزنىڭ بەختكە ئاتلىنىش قەدىمىمىزنى ھېچنېمە توسۇيالمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توشۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كاپالىتى يېتەرلىك، كارخانىلارنىڭ كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى بىخەتەر، مۇقىم بولۇپ، سانائەت ئىقتىسادى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن. سانائەتتىكى باشلامچى كۆرسەتكۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، توك ئىشلىتىش مىقدارى، تۆمۈريول ترانسپورت مىقدارى، مال ئىمپورت ـ ئېكسپورت مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى رايون ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىش دەرىجىسىنى ياندىن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئالدىنقى ئىككى ئايدا، شىنجاڭنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى جەمئىي 76 مىليارد 470 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.7% ئاشقان؛ شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش مىقدارى 17 مىليارد 760 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45.2% ئاشقان؛ تۆمۈريول يۈك توشۇش مىقدارى 29 مىليون 371 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.3% ئاشقان.

ئالدىنقى ئىككى ئايدا، شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى بىردەك مۇسبەت ئاشقان. شىنجاڭدىكى ئون چوڭ نۇقتىلىق سانائەت ساھەسىدە جابدۇق ياسىمىچىلىقى، توقۇمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، رەڭلىك مېتال، خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىشنى ساقلىغان، نېفت كەسپى تەكشى، مۇقىم ئېشىشنى ساقلىغان. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۈك مىقدارى تېز سۈرئەتتە قايتا ئۆرلىگەن، شىنجاڭنىڭ يىپ ئېگىرىش، خىمىيەۋى تالا مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 84.2% ۋە 10.6% ئاشقان، كۆلەمدىن يۇقىرى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 30% ئەتراپىدا ئاشقان، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك پۈتۈن ساھەسىدە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ئالدىنقى ئىككى ئايدا، توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 107.6% ئاشقان.

بۇ يىل، شىنجاڭ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تۈر ۋە كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، «كارخانىلارغا بېرىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى»نى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ كونكرېت قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2021 ـ يىللىق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى 50 مۇھىم، زور تۈرگە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، «نۇقتىدىن نۇقتىغا» ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تۈرلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى رەتلەيدۇ، ھەم ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ تۈر قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، تۈرلەردە بالدۇرراق ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، سانائەت سېلىنمىسىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 24 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (لايىھە)»غا قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى)» توغرىسىدىكى ئىزاھات، ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ سانىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، 2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھە (لايىھە)سى توغرىسىدىكى دوكلات، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى شۆجۈن، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، سو يۆ، لى نىڭپىڭ، زۇمرەت ئوبۇل، توختى ياقۇپ، مۇقىيات جارمۇقاممەت، باش كاتىپ مۇتەللىپ روزى يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەڭلىك سىبىيت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداش، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېت، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئويدۇرۇپ چىقىش پەقەت ئۆزىنى شەرمەندە قىلىدۇ، خالاس

بۆرتالا گېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى☐ غەيرەت ئابدۇكېرىم

پومپېئو، جېڭ گۇئېن شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن كۆپ قېتىم ئىچكىرى رايونلارغا ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە باردىم، ئۇنىۋېرسال ساپايىم ۋە ئىقتىدارىم زور دەرىجىدە ئۆستى. مېنىڭ ئىككى قىزىم بار، چوڭ قىزىم ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى(شېنجېن شەھەرلىك سۇڭگاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى)نى پۈتتۈرۈپ، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى، ھازىر جۇڭگو تاراتقۇ داشۆسىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى؛ كىچىك قىزىممۇ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى(شېنجېن شەھەرلىك سۇڭگاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى)غا ئۆتتى، كېيىن جۇڭگو تاراتقۇ داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن داۋاملىق بۇ مەكتەپتە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى، ھازىر شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى. ئىككىلا قىزىم پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىيەگە كىردى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتىمەن، مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسكەنلىكىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، زامانىۋى، مەدەنىي تۇرمۇش شەكلى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۈن ـ تىنسىز سىڭىپ كىردى. ھازىر مەيلى شەھەر ياكى يېزىدا بولسۇن، ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر مائارىپى ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەربىر ياش ـ ئۆسمۈر ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولدى، ھەر مىللەت ئاممىسى كېسەل كۆرسىتىش ئاتچوت قىلالايدۇ، يەر تېرىسا ياردەم تولۇقلىمىسى بار، ياشانغانلار كۈتۈنۈشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. مانا بۇ مېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن جاي، مېنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتۇم!

تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساب. پومپېئو، جېڭ گۇئېننىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئويدۇرۇپ چىقىشى پەقەت ئۆزىنى شەرمەندە قىلىدۇ، خالاس، ئۇلارنىڭ يىرگىنىشلىك ئويۇنى شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇۋالالمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۇيەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن